# 14040 - جىنازە نامىزى ئوقۇش پەرز كۇپايىدۇر

## سوئال

جىنازە نامىزى ئوقۇش ئەرلەرگىلا خاسمۇ ياكى بارلىق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى پەرز بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

جىنازە نامىزى ئوقۇش پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى كىشلەر ئوقۇسا قالغانلىرىدىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھېچ كىشى ئوقۇمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ، بۇ ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس بەلكى ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنازە نامىزى ئوقۇشى يولغا قويۇلغان، ئەرلەر ئۈچۈن بىۋاستە ناماز ئوقۇش ۋە جىنازىغا ئەگىشىش يولغا قويۇلغان، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى چەكلەنگەن، بۇ توغرىدا ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **«بىز ئاياللار جىنازىغا ئەگىششتىن چەكلەنگەن لېكىن كەسكىن قىلىنمىغان..»**. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى جىنازىغا ئەگىششتىن چەكلىگەن»** دېيىلگەن. [سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا كومىتېتى ].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېگە بولۇش ئۈچۈن شەيخ ئىبنى باز رەھمەھۇللاھنىڭ "تۈرلۈك ماقالە ۋە پەتىۋالار مەجمۇئەسى 10-توم 50-بەتكە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.